


جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاست خاس باغ - ئورمانچىلىقنى ئىلمىي تەرەققىي قىلدۇردى ——

# مېۋە تەخسىسى مول بولسا كىرىم تېز ئاشىدۇ  مېۋە - چېۋىلەر ئوخشىسا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش مۇقىم بولىدۇ

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز

ھازىر ياڭاق باشقۇرۇش، پەرۋىش قىلىش مەزگىلى، قاراقاش ناھىيەسىدىكى يېزا ئىگىلىك تېخنىكا يېتەكچىسى زاۋا بازىرى يېڭىئۆستەڭ كەنتىدىكى كەنت ئاھالىسى ئابلەت مەمەتنىڭ ياڭاقلىقىغا كېلىپ يېڭى سورتلارنى ئۇلاشقا يېتەكچىلىك قىلدى. «يېڭى سورتلارنى ئۇلىغاندا، ياڭاقنىڭ ھوسۇلى ۋە سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ» دېدى ئابلەت.

ياڭاق، چىلان، ئانار، گىلاس... جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستنىڭ خاس باغ - ئورمىنى باغۋەنلەرنىڭ «تىللا تۆكۈلىدىغان دەرىخى» بولۇپ قالدى. 2019 - يىلى، پۈتۈن شىنجاڭدا باغ - ئورمان كۆلىمى 21 مىليون 677 مىڭ 400 مو بولۇپ، باغ - ئورمانچىلىقتىن قىلىنغان كىرىم پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمىنىڭ تەخمىنەن 25%نى ئىگىلىدى، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قىسمەن ناھىيە - شەھەرلەردە ئىگىلىگەن نىسبىتى 45%تىن ئېشىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەرەلىدە غەلىبە قىلىشنى كۈچلۈك تىرەك بىلەن تەمىنلىدى.

## تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى ئالغا سىلجىتىش

ياڭاق ئۈچتۇرپان ناھىيەسى ياركۆۋرۈك يېزىسىدىكى دېھقانلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ كىرىمنى ئاشۇرۇشتىكى ئاساسلىق يوللارنىڭ بىرى، بۇ يىل، بۇ يېزا جىغان كەسپىنى يېتىشتۈرۈشنى يەنە زورايتتى. «بىز يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ياڭاقنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇپلا قالماي، يەنە جىغان ئارقىلىق تېخىمۇ كۆپ دېھقان ئائىلىلىرىگە نەپ يەتكۈزۈشىمىز كېرەك» دېدى ياركۆۋرۈك يېزىلىق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى جاڭ لىچۈن.

بۇ يىل، ئاقسۇ ۋىلايىتى ھەرقايسى ناھىيە - شەھەرلەرنىڭ ئۆز يېرىدە ئۆستۈرۈشكە ماس كېلىدىغان خاس باغ - ئورمان مەھسۇلاتلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئالدىن ۋە نۇقتىلىق تۇتۇپ، ناھىيە - شەھەرلەرنىڭ جۇغراپىيەلىك بەلگىلىك باغ - ئورمان كەسپىنى ئومۇمىيۈزلۈك بەرپا قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ياڭاق، چىلان، ئالما، ئۈزۈم، جىغان قاتارلىق ئەۋزەل باغ - ئورمان سورتلىرىنى ئاساس قىلغان كۆپلىگەن ئەۋزەللىككە ئىگە ئىشلەپچىقىرىش رايوندا 10 مىڭ مودىن 50 مىڭ موغىچە سۈپەتلىك مېۋە - چېۋە يادرولۇق رايونى بىردەك بەرپا قىلىندى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، كەسىپ قۇرۇلمىسىنى ئىلمىي تەڭشەش، ئەلالاشتۇرۇش، يېڭى سورتلارنى ئۆستۈرۈشنى كېڭەيتىش جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستنىڭ كەسىپ ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ئەلالاشتۇرۇش، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى ئالغا سىلجىتىشتىكى مۇھىم تۇتقا بولۇپ قالدى.

3 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، يەكەن ناھىيەسىنىڭ مىشا بازىرى شامالباغ كەنتىدىكى باغۋەن ئابدۇرازاق ئابدۇلنىڭ گىلاسلىقىدا، گىلاس دەرەخلىرى بىر - بىرلەپ غۇنچىلاپ، ئۇنى ناھايىتى خۇشال قىلىۋەتتى.

ئابدۇرازاق كەنتتىكى نامرات ئائىلە، 2009 - يىلىدىن باشلاپ گىلاس ئۆستۈرگەن بولۇپ، بەش مو يەردىكى گىلاسنىڭ پايدىسىنىڭ يامان ئەمەسلىكىنى كۆرۈپ، بۇلتۇر ئۇ يەنە 25 مو يەرنى ھۆددىگە ئالدى، بۇ يىل ئۇنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىدىن ئۈمىد بار. بۈگۈنكى كۈندە، شامالباغ كەنتىدىكى 1200 مو يەردىكى گىلاس كەنت ئاھالىلىرىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ كىرىمنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولىدىغان يەنە بىر يول بولۇپ قالدى.

يەكەن ناھىيەسى يېڭى سورتلارنى ئۆستۈرۈشنى تۈرتكە قىلىپ، كەسىپ ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ئەلالاشتۇرۇپ، كەسىپ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشنى نامراتلىقتىن مۇقىم قۇتۇلدۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ تۈپ تەدبىرى قىلدى. نۆۋەتتە، بۇ ناھىيەدە ئۆستۈرۈلگەن 50 مىڭ مودىن ئارتۇق گىلاس، 48 مىڭ مو غېنىۋلا دېھقانلارنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇشتىكى يېڭى يولىغا ئايلاندى.

## ئۆلچەملەشكەن باشقۇرۇش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش

«شاخقا جازا قويۇپ، ئارتۇق شاخلارنى چاتاپ، ئاندىن ئوغۇتلاش، سۇغىرىش كېرەك، مۇشۇنداق باشقۇرۇپ پەرۋىش قىلغاندا ئانارنىڭ دانىسى توق، تاتلىق بولىدۇ.» 3 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، گۇما ناھىيەسىنىڭ پىيالما يېزىسى ئانارلىق يېڭى كەنتىدە، گۇما ناھىيەسى سەيتۇللا بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ بۇ كەنتتە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى، 1 - شۇجى خې يىپىڭ دېھقانلارنى تەشكىللەپ ئانارلارنى ئېچىۋاتاتتى.

ئىلمىي باشقۇرۇش، پەرۋىش قىلىش ئۇسۇلىغا ئۆلچەملەشكەن باشقۇرۇشنى قوشۇش كەنت ئاھالىسى ئەلى ئوسمانغا خېلى ياخشى پايدا يەتكۈزدى، «بۇلتۇر 50 مىڭ يۈەنلىك ئانار ساتتىم، بۇ يىل مەن تېخىمۇ ياخشى باشقۇرۇپ، كىرىمىمنى 60 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزۈشكە تىرىشىمەن» دېدى ئۇ.

گۇما ناھىيەسى پىيالما يېزىسىنىڭ يېزا باشلىقى ئامانگۈل مەمەت تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: بۇ يېزىنىڭ ئانار ئۆستۈرۈش كۆلىمى 24 مىڭ مو بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە مېۋىگە كىرگەن كۆلەم 18 مىڭ مو، ھەممىسى يېشىل يېمەكلىك ئۆلچىمى بويىچە ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. 2019 - يىلى پۈتۈن يېزىنىڭ ئانار ھوسۇلى 10 مىڭ توننا بولۇپ، مەھسۇلات قىممىتى 110 مىليون يۈەندىن ئېشىپ، ئوتتۇرىچە ساپ كىرىم 16 مىڭ يۈەن بولدى. بۇ يىل، يېزا يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئۆلچەملەشتۈرۈپ باشقۇرۇش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، بۇلتۇرقى ئاساستا كىشى بېشى ئوتتۇرىچە كىرىمنى 800 يۈەن ئاشۇرۇشقا تىرىشىدۇ.

جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاست ئىلمىي، ئۆلچەملەشكەن باشقۇرۇش ئارقىلىق مېۋە - چېۋىلەرنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، «شىنجاڭ تەمى»نى ھەممە يەرگە تاراتتى.

بۇ يىل، ئاقتۇ ناھىيەسىنىڭ جامالتېرەك يېزىسى ھۆك مەھەللە كەنتىدىكى كەنت ئاھالىسى مەمەت ئەيسا بۇلتۇرقى 11 مو يەردىكى غېنىۋلا ئاساسىدا يەنە ئون مو يەرنى ھۆددىگە ئېلىپ غېنىۋلا تىكتى.

«ناھىيە - يېزىدىكى تېخنىكلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئائىلىمىز بۇلتۇر غېنىۋلادىن 100 مىڭ يۈەن كىرىم قىلدۇق. بۇ يىل، مەن ئۆستۈرۈش كۆلىمىنى كېڭەيتتىم، ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئاھالىنى كۆپرەك قوبۇل قىلىپ بىرلىكتە ئىشلەشنى ئويلىشىۋاتىمەن» دېدى مەمەت ئىشەنچكە تولغان ھالدا.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاقتۇ ناھىيەسى «ھۆكۈمەت يېتەكلەش، سىياسەتتە مايىل بولۇش، تۈرلەر ئارقىلىق تۈرتكە بولۇش، ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىش، پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش»تىن ئىبارەت بەش تۈرلۈك تەدبىر ئارقىلىق، پۈتۈن ناھىيەدىكى 39 مىڭ مو باغ - ئورمانغا قاراتا سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش باشقۇرۇشنى قانات يايدۇردى، 3 - ئاينىڭ 13 - كۈنىگىچە، ياڭاق، غېنىۋلا، بارىن ئۆرۈكى قاتارلىق مېۋىلىك دەرەخلەرنى ئۇلاش، سۇغىرىش، ئوغۇتلاشنى باشقۇرۇش، كېسەل ۋە ھاشارات زىيىنىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، شەكىلگە كىرگۈزۈپ چاتاش قاتارلىق ئۆلچەملەشكەن باشقۇرۇش، پەرۋىش خىزمىتىنى تاماملىدى. مۆلچەرلىنىشچە، بۇ يىل ياڭاق، غېنىۋلا ھوسۇلى 15% ئەتراپىدا ئاشىدىكەن، ئەلا سۈپەتلىك مېۋە - چېۋە نىسبىتى 20% ئەتراپىدا ئاشىدىكەن.

## كەسىپ تىپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈش

«دېھقانچىلىقنىڭ ئالدىراش مەزگىلىدە مەن ئۆزۈمنىڭ ياڭاقلىقىنى باشقۇردىمەن، دېھقانچىلىقنىڭ ئارىسالدى مەزگىلىدە مەن ياڭاق پىششىقلاش ھەمكارلىق كوپىراتىپىغا بېرىپ ئىشلەيمەن، ياڭاق ماڭا ۋە باشقا كەنت ئاھالىلىرىگە قوش كىرىم ئېلىپ كەلدى» دېدى 3 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، ئونسۇ ناھىيەسى توخۇلا يېزىسى خېپەن كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى قۇدرەت بوساق.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، خېپەن كەنتى ئىككى مېۋىچىلىك ھەمكارلىق كوپىراتىپى قۇرۇپ، پۈتۈن كەنت ئىشلەپچىقارغان ياڭاقلارنى سېتىۋېلىپ پىششىقلاپ ئىشلىدى، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ بېسىق مەزگىلىدە يەنە 100دىن ئارتۇق ئادەمنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسىنى ھەل قىلدى.

بۇيىل، ئاقسۇ ۋىلايىتى مېۋە - چېۋىلەرنى چىققان جايىدا پىششىقلاش ياردەم پۇلى سىياسىتىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، دەرىجىگە بۆلۈپ ئايرىش، دەسلەپكى ئوراپ قاچىلاش ۋە زاپاس ساقلاش، يېڭى پېتى ساقلاش قاتارلىق ھالقىلارنىڭ سەۋىيەسى ۋە ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇپ، دېھقانلار باغ - ئورمان ھەمكارلىق كوپىراتىپى ۋە ئائىلىۋى دېھقانچىلىق مەيدانىدىن ئىبارەت ئىككى تۈرلۈك يېڭى تىپتىكى تىجارەت سۇبيېكتلىرىنى يېتىشتۈرۈش خىزمىتىنى گەۋدىلىك ياخشى ئىشلەپ، يېڭى تىپتىكى تىجارەت سۇبيېكتلىرىنى يېتىشتۈرۈش، تەرەققىي قىلدۇرۇشنى قوللاش سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مالىيە، باج يىغىش، يەر، كرېدىت، سۇغۇرتا قاتارلىقلارغا دائىر سىياسەت ئارقىلىق يۆلەش سالمىقىنى زورايتىپ، ھەمكارلىق كوپىراتىپىنىڭ مېۋە - چېۋىلەرنى پىششىقلاش ئىقتىدارى، مېۋە - چېۋىلەرنىڭ سۈپەتلىك مېۋە نىسبىتى ۋە ئۆلگە كۆرسىتىپ تۈرتكە بولۇش رولىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئاشۇردى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاست يېڭى تىپتىكى تىجارەت سۇبيېكتلىرىنى يېتىشتۈرۈش، زامانىۋى ماركېتنىڭ ئەندىزىسىنى ئالغا سىلجىتىش، ئېلېكترونلۇق سودىنى راۋاجلاندۇرۇش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، باغ - ئورمانچىلىقنىڭ سېتىش يوللىرىنى كېڭەيتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش ئاساسىنى پۇختىلىدى.

كۆپ يىل تەرەققىي قىلىش ئارقىلىق، لوپ ناھىيەسىنىڭ چىلانچىلىق كەسپى تەدرىجىي كۆلەملىشىش، كەسىپلىشىش، ئۆلچەملىشىش، سۈپەتلىك ماركىلىشىش تەرەققىياتىدىكى «تېز سۈرئەتلىك يول»غا قەدەم قويۇپ، خوتەن خۇڭزەۋبى چىلانچىلىق چەكلىك شىركىتى قاتارلىق بىر تۈركۈم باشلامچى كارخانىلار بارلىققا كېلىپ، «خوتەن جۇنزاۋ» «مولەن قورۇقى» قاتارلىق تونۇلغان چىلان ماركىلىرى مەيدانغا كېلىپ، شۇ جايدىكى چىلان ئۆستۈرگۈچىلەرگە ياخشى پايدا ئېلىپ كەلدى.

سۈپەتلىك ماركا بولۇپ نامى چىقسا، مەھسۇلاتلار تېخىمۇ بازار تاپىدۇ. لوپ ناھىيەسى چىلان كەسپى ئىنتىپاقىنى قۇرۇش ئارقىلىق ئەۋزەل بايلىقلارنى بىرىكتۈرۈپ، سېتىش يوللىرى مۇقىم، باھا ئەۋزەللىكى روشەن بولۇش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇردى. «شىركەت — دېھقان ئائىلىلىرى تىپى»دىكى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىنلەش زەنجىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا يېڭىلىق يارىتىپ، دېھقانلار ئۆستۈرۈشكە مەسئۇل بولدى، شىركەتلەر يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش، سۈپەتلىك ماركىلاشتۇرۇش، توردا سېتىش، پۈتۈن مەملىكەتكە كېڭەيتىشكە مەسئۇل بولدى، ناھىيەدىكى يېزا، كەنت، بازار دەرىجىلىك ئېلېكترونلۇق سودا مۇلازىمەت پونكىتلىرىنى ئاساس قىلىش ئارقىلىق بىۋاسىتە يىغىپ، بىۋاسىتە سېتىش شەكلىنى قوللىنىپ، پۈتۈن مەملىكەتكە سېتىپ، تەمىنلەش زەنجىرىدە كۆپ تەرەپ ئورتاق پايدا ئېلىشتەك ياخشى ئايلىنىشنى ئىشقا ئاشۇردى.

**(مۇخبىر پەرىزات ئابدۇل، قاتناشقان مۇخبىرلار جاڭ جىلى، رايىدە، جاڭ رۇيلىن، ئىختىيارىي مۇخبىرلار شۇ لۇڭ، ئايزۇلپەر مەمتىمىن)**

---

(بېشى 1 - بەتتە)

ئەسلھەلىك يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى قاتارلىق ئورۇنلارغا بېرىپ، كارخانىلارنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، ئېتىز - ئېرىق باشلىرى، مايسا يېتىشتۈرۈش بازىسى، باقمىچىلىق كىچىك رايونى ھەم سودا بازىرىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئەتىيازلىق تېرىلغۇ، تېرىلغۇ تەييارلىقى، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى ھاۋالىلىك باشقۇرۇش، چارۋا، ئۆي قۇشلىرى باقمىچىلىقى ئارقىلىق كىرىمنى ئاشۇرۇش ھەم يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى ئوبوروتى قاتارلىق ئەھۋاللارنى ئىگىلىدى ھەم جۇڭتەي ئولتۇراق رايونى، ئاقتاش نامراتلارنى يۆلەش بويىچە مەركەزلىك ئورۇنلاشتۇرۇش رايونى، ئۇششاقباش بازىرى يارباشى كەنتى قاتارلىق جايلاردىكى نامراتلىقتىن قۇتۇلمىغان ئائىلىلەرنى زىيارەت قىلدى، پارتىيەنىڭ ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش سىياسىتىنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالى ۋە نامرات ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش ئەھۋالىنى ئىگىلىدى، كەنت ئاھالىلىرىگە ياردەملىشىپ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش بويىچە كىرىمنى ھېسابلاپ، كەنت ئاھالىلىرىنى كۆپ مەنبەلىك ئىشلەپچىقىرىشنى پائال تەرەققىي قىلدۇرۇپ، كۆپ خىل يول ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلىشىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئاساسىنى يەنىمۇ پۇختىلاپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەرەلىدە يۇقىرى سۈپەتلىك غەلىبە قىلىشقا ئىلھاملاندۇردى.

ئۇششاقباش بازىرى يارباشى كەنتىدە، سۈن جىنلۇڭ كەنت «ئىككى كومىتېت» بەنزىسىدىكىلەر، كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتىدىكىلەر بىلەن سۆھبەتلىشىپ، بۇ كەنتنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى تەپسىلىي ئىگىلىدى، نامرات ئائىلىلەرگە چوڭقۇر چۆكۈپ، ئائىلىلەرنىڭ كىرىم ئۆچۈرلىرىنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ، ئىشقا ئورۇنلىشىش ئەھۋالىنى ئىنچىكە سوراشتۇردى. يارباشى كەنتىنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسىنى پائال تەڭشەپ، ئېگىزلىك ئۆرۈكى، بەسەي، ياڭيۇ تېرىش قاتارلىق كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تايىنىپ كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كىرىمنى ئاشۇرغانلىقىنى بىلگەندە، سۈن جىنلۇڭ كەنت كادىرلىرىنى كەنت ئاھالىلىرىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ كىرىمنى ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق كەسىپلەرنى زور كۈچ بىلەن پۇختا تۇتۇپ، ئىنچىكە تۇتۇپ، ئۇنى سۈپەتلىك ماركىلىق كەسىپكە ئايلاندۇرۇشقا ئىلھاملاندۇردى.

سۈن جىنلۇڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش باسقۇچىدا قىلچە بوشاڭلىق قىلىشقا بولمايدۇ، مىنۇت - سېكۇنتنى قولدىن بەرمەي جاپاغا چىداپ ئىشلەپ، پۇختا ئىشلەپ، تۈرگە ئايرىپ تەدبىر قوللىنىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، كەنت، ئائىلە، ئادەمگىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى تېخىمۇ دەل جايىدا، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ئىشلەش كېرەك. نامراتلىقتىن قۇتۇلمىغان نوپۇس ۋە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشى مۇقىم بولمىغان نوپۇس، ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئاھالىدىن باشقا نامراتلىق گىرۋىكىدىكى نوپۇسنى ھەرىكەت ھالىتىدە تاللاپ تەكشۈرۈشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، كەنت «ئىككى كومىتېت»، 1 - شۇجىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى كۈچەيتىپ، چىڭىتىپ، ئاممىنىڭ قىيىنچىلىقى ۋە مەسىلىلىرىنى ئائىلىمۇئائىلە، ئادەممۇئادەم ھەل قىلىش كېرەك. تۈرلۈك ئاماللار بىلەن كۆپ خىل ئۇسۇل قوللىنىپ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئىشلەپچىقىرىشى، ئاممىنىڭ تەشكىللىك سىرتقا چىقىپ ئىشلىشى، كەنت مۇھىتىنى تۈزەش قاتارلىق ھازىرقى نۇقتىلىق خىزمەتلەرنى تەشكىللەش، ياخشى تۇتۇش كېرەك. باشلامچى كارخانىلار، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى سۈپەتلىك ماركىسى ۋە ئاساسلىق مەھسۇلاتلارنى زور كۈچ بىلەن يېتىشتۈرۈپ، «باشلامچى كارخانا + ھەمكارلىق كوپىراتىپى + دېھقان ئائىلىسى»نى ئۈنۈملۈك تەشكىللەش ئۇسۇلىنى زور كۈچ بىلەن كېڭەيتىپ، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن سېتىشنى ئۇدۇللاشتۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، مەنپەئەتنى باغلاشنى ئەلالاشتۇرۇپ، ئاممىنىڭ مۇقىم مەنپەئەتكە ئېرىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ۋاڭ يۈمىڭ بىللە جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلدى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

سىرتتىن كىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، تۈرلۈك ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش بىلەن بىللە، ئىقتىساد، جەمئىيەتنىڭ نورمال ئىزدا تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەدە ئايلىنىشىغا پۈتۈن كۈچ بىلەن تۈرتكە بولۇپ، پۈتۈن يىللىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى نىشان - ۋەزىپىلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىسىنى يۇقىرى سۈپەتلىك تاماملاش، قەرەلىدە ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش، پۈتۈن ئاپتونوم رايون جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ ئىناق، مۇقىم بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ، نورمال ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش تەرتىپىنى يۇقىرى سەۋىيەدە ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، پۈتۈن يىللىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى نىشان - ۋەزىپىلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. پۈتۈن كەسىپ زەنجىرىنىڭ ھەرقايسى ھالقىلىرىدا ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تېز ئىلگىرى سۈرۈپ، «تۇسۇق نۇقتا»نى راۋانلاشتۇرۇپ، «ئۈزۈك نۇقتا»نى تولۇقلاپ، كارخانىلارنىڭ تېزلىكتە ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى تولۇق ئىشقا سېلىشى، ئىشلەپچىقىرىشتىن مول ھوسۇل ئېلىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك؛ يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇشنى تېزلىتىپ، يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش، ساياھەت ئارقىلىق شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى پۇختا ئالغا سىلجىتىش كېرەك؛ تور قۇرۇلۇشىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، ئۈنۈملۈك مەبلەغ سېلىشقا كۆپ خىل يول ئارقىلىق تۈرتكە بولۇش ۋە ئۇنى كېڭەيتىش، تەرەققىيات زاپاس كۈچىنى كۈچەيتىش كېرەك؛ ئۈنۈملۈك ئىستېمال ئېھتىياجىنى كېڭەيتىپ، 3 - كەسىپنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش كېرەك؛ مەكتەپلەردە يۇقۇمنى ھەرىكەت ھالىتىدە كۆزىتىش - ئۆلچەشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئامانلىقى ۋە ساغلاملىقىنى قەتئىي قوغداش كېرەك؛ قاتناش - ترانسپورتنىڭ تەشكىلىي كاپالىتىنى ياخشى قىلىپ، ئادەم ئېقىمى، ئەشيا ئوبوروتىنى تەرتىپلىك ھەرىكەتكە كەلتۈرۈش، راۋانلاشتۇرۇش كېرەك؛ جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ ئىناق، مۇقىم بولۇشىنى ياخشى تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى بىرتۇتاش پىلانلاشقا ياخشى مۇھىت يارىتىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: بۇ يىل ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش تاماملىنىدىغان يىل بولۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نىشاننى چىڭ كۆزلەپ، ئۆلچەمدە چىڭ تۇرۇپ، بىرلا غەيرەتكە كېلىپ، ۋەزىيەتكە قاراپ ئىش كۆرۈپ، كۈچنى توپلاپ ئېغىر نامراتلىقنى يوقىتىش جېڭىنى ياخشى قىلىش كېرەك. ۋىۋىسكا ئېسىپ جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىشتە چىڭ تۇرۇپ، گەۋدىلىك مەسىلە ۋە ئاجىز ھالقىلارنى توغرا نىشانلاپ سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى قاتتىق تۇتۇپ، مەسىلىنى تۈزىتىشنى ياخشى تۇتۇپ، جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىش ئارقىلىق خىزمەتلەرگە كۈچلۈك تۈرتكە بولۇش، ۋەزىپىلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ھەيدەكچىلىك قىلىش، مەسىلىنى ھەل قىلىشقا ياردەم بېرىشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئەڭ ئاخىرقى قاتتىق قىيىنچىلىقنى قەتئىي يېڭىش كېرەك. نىشان - ئۆلچەمنى چىڭ كۆزلەشتە چىڭ تۇرۇپ، دەل جايىدا تەدبىر قوللىنىشنى ئومۇمىيلاشتۇرۇپ، كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلىشىشقا تۈرتكە بولۇشنى گەۋدىلەندۈرۈپ، كەشتە تىكىش ماھارىتىنى تولۇق ئىشقا سېلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلمىغان نوپۇسنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. دىققەتنى «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»كە مەركەزلەشتۈرۈپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا يوچۇقلارنى تەكشۈرۈپ، كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاپ، ئاجىز تۈرلەرنى كۈچەيتىپ، قېپقالغان نامرات نوپۇسنىڭ ھەممىسىنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش، نامرات ئائىلە پەرزەنتلىرىنىڭ ئوقۇشسىز قېلىشى، ئوقۇشتىن توختاپ قېلىشىنىڭ قەتئىي ئالدىنى ئېلىش، كۆپ خىل تەدبىرنى تەڭ قوللىنىپ، كېسەل سەۋەبىدىن نامراتلىشىش، قايتا نامراتلىشىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. قايتا نامراتلىشىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش بويىچە كۆزىتىش، سىگنال بېرىش ۋە ھەرىكەت ھالىتىدە ياردەم بېرىش - يۆلەش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش سىياسىتىنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاپ، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش، ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشنى ياخشى تۇتۇپ، مەسئۇلىيەتنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، چىڭىتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىسىنى يۇقىرى سۈپەتلىك تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش كېرەك.